


# يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كەلدى

[ئىلاۋە]

**70 يىللىق قايىنام - تاشقىنلىق يىللار، 70 يىلدا يارىتىلغان شانلىق نەتىجىلەر. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، بۈگۈندىن باشلاپ، شىنخۇا ئاگېنتلىقى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتى بىلەن بىرلىشىپ «سەلتەنەتلىك 70 يىل . كۆرەشچان يېڭى دەۋر ــ يېڭى جۇڭگونىڭ قايىنام - تاشقىنلىق يىللىرى» مەخسۇس ئىستونى ئېچىپ، سۈرەت، يېزىق قاتارلىق خەۋەر شەكلى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى جۇڭگو بېسىپ ئۆتكەن 70 يىللىق ئاجايىپ مۇساپىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، تارىخ سەھىپىسىگە كىرگۈزۈلگەن مۇھىم، زور ۋەقەلەر، مۇھىم پەيتلەرنى قايتا ئەسلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى نامايان قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ چوڭ قەدەم تاشلىغان پارلاق ئىستىقبالنى بايان قىلىدۇ. بۈگۈن «يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كەلدى» ناملىق تۇنجى ماقالە بېرىلدى.**

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئەمدىلا يېپىلغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن دۇنياغا: ئىنسانىيەت ئومۇمىي سانىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىگەن جۇڭگولۇقلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئورنىدىن دەس تۇردى، دەپ تەنتەنىلىك جاكارلىدى. جۇڭگونىڭ تارىخىدا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى بىر دەۋر ئېچىلدى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 2دە، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى 1 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەم ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغانلىقى جاكارلاندى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 3تە، رەئىس ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنىلىك ھالدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بۈگۈن قۇرۇلدى» دەپ جاكارلىدى. ئارقىدىنلا ماۋ زېدۇڭ كۇنۇپكىنى باستى، پىدائىيلار مارشىنىڭ ھەيۋەتلىك مېلودىيەسىدە، تۇنجى ئوتقاشتەك بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدى. مەيداندا، 54 ھۆرمەت توپى 28 قېتىم تەكشى ئېتىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ 28 يىللىق مۇساپىسىگە سىمۋول قىلىندى.

بايراق چىقىرىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىنى ئوقۇدى. ئارقىدىنلا ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈلدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئۈچ خىل ئارمىيەسىنىڭ پاراتتىن ئۆتىدىغان قىسىملىرى لېنىنى بىرلىك قىلىپ چاسا سەپ تۈزۈپ، ھەيۋەتلىك قەدەم بىلەن شەرقتىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئايرىم سەپ بويىچە تيەنئەنمېن ئالدىدىن ئۆتتى. ئەمدىلا تەشكىللەنگەن خەلق ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ 14 كۆرەشچى ئايروپىلانى، بومباردىمانچى ئايروپىلانى ۋە مەشىق ئايروپىلانى تيەنئەنمېن مەيدانىنى ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى.

ھەربىي پارات ئۈچ سائەتكە يېقىن داۋاملاشتى، ئاياغلاشقاندا كەچ كىرىپ قالدى، چاڭئەن كوچىسىغا گۈللۈك پانۇسلار تەكشى قويۇلدى، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ نامايىشچىلار قوشۇنى قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن تەنتەنە قىلدى.

شۇ كۈنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئازاد بولغان ھەرقايسى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قىزغىن تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىمى كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى.

يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى 4 - ماي ھەرىكىتىدىن بۇيان دۆلىتىمىزدە يۈزبەرگەن مۇھىم، زور تارىخىي ۋەقە، يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئابىدە بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات - ئىلگىرىلىشىدە يېڭى دەۋر ئېچىلدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كۈچ قوشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش جەھەتتە، مۇقىملىق پايدىسىنى قويۇپ بېرىش، بازار ئىجازىتىنى كېڭەيتىش، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىش، بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قاتارلىق تۆت تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىن، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتىش، كاپىتال بازىرىدىن پايدىلىنىپ بىۋاسىتە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يۈكىنى يېنىكلىتىش، تۈرگە ئايرىپ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، تەكشۈرۈپ باھالاش مېخانىزمى ئورنىتىش قاتارلىق بەش تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ مالىيە - باجدا قوللاش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە، مالىيە - باج جەھەتتە كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى قوللاشنى ياخشىلاش، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ باج - ھەق يۈكىنى يېنىكلىتىش، ھۆكۈمەت سېتىۋېلىپ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى قوللاش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تۈرلۈك سىياسەت، فوندىنىڭ يېتەكلەش، تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق تۆت تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يېڭىلىق يارىتىشچان تەرەققىيات سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇھىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا ھەمبەھرە بايلىقنى ئېچىۋېتىشكە ئىلھام بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتنى ماسلاشتۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشچان تەرەققىياتقا ئىلھاملاندۇرۇش، مەركەز ۋە يەرلىك مالىيە مەبلىغىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق ياخشى جارى قىلدۇرۇش، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى كەسپلەشكەن، سەرخىل، ئۆزگىچە، يېڭى تەرەققىياتقا يېتەكلەش ۋە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى تېخىمۇ ئەلا سۈپەتلىك ئۇچۇرلاشقان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق يەتتە تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈشنى ياخشىلاش جەھەتتە، ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىناۋەت ئۇچۇرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشكە تۈرتكە بولۇش، كارخانىچىلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈش، تاشقى ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇشنى قوللاش، تاموژنىدىن چىقىرىش ۋە تەكشۈرۈشكە مەلۇم قىلىشتىكى ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇش قاتارلىق بەش تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تەشكىلىي رەھبەرلىك ۋە بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش جەھەتتە، قوللاشنى كۈچەيتىش ۋە بىرتۇتاش پىلانلاپ يېتەكچىلىك قىلىش، ئىستاتىستىكىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىش، خىزمەتلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى باھالاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ياخشى ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىش قاتارلىق تۆت تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىدىغان تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى، يېڭىلىق يارىتىشىغا پائال تۈردە تېخىمۇ ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، زورىيىشىغا تۈرتكە بولىمىز.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا نۆۋەتتە 200 مىڭغا يېقىن ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانا بار بولۇپ، %80تىن كۆپرەك شەھەر - بازاردا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىگەن، كەڭ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم موتورغا ئايلانغان.

(بېشى 1 - بەتتە)

خىزمەت نەتىجىسى ئىنچىل يامان ئەمەس ئىدى. ئېرى تۇرغۇن ياسىن قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ئىشلەيتتى، ئائىلىسىدە ئىككى پەرزەنتى بولۇپ، تۇرمۇشى ناھايىتى بەختلىك ئىدى.

2014 - يىلى، بۇ ئىشلاردا ئۆزگىرىش بولدى. بىر كۈنى ئامانىسا بىر نەچچە خىزمەتدىشى بىلەن زىبۇ - زىننەت دۇكىنىغا يېقىن ئاشپۇزۇلدا تاماق يەۋاتقاندا، بىرەيلەن ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سىز مۇسۇلمان، خەنزۇلار بىلەن بىللە تاماق يېسىڭىز بولمايدۇ، دېدى. كېيىن، يەنە بىرەيلەن ئامانىسا ئىشلەۋاتقان ئورۇنغا كېلىپ، نەرسە سېتىۋالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۈزىدىن - يۈزىگە «ئوچۇق كىيىنگەنلەر ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس، ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا كىرىدۇ» دېدى. يالغان تەكرارلىنىۋەرسە راستقا ئايلىنىدۇ، پىتنە كۆپ بولسا ئوغمۇ تەتۈر بولىدۇ. ئامانىسا تەدرىجىي ھالدا «ئاشۇ كىشىلەرنىڭ گېپى»گە ئىشەندى.

شۇنىڭدىن كېيىن، دۇكاندا ئامانىسا خەنزۇ خىزمەتداشلىرىدىن ئەتەي يىراقلىشىشقا باشلىدى، ھەر كۈنى چۈشتە تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە تاماق يېمەس بولۇۋالدى. سومكىسىغا ئىككى يۈرۈش كىيىم سېلىۋېلىپ، ئىدارىدە خىزمەت فورمىسى كىيسە، ئىشتىن چۈشكەندە، ئۇزۇن كۆڭلەكنى كىيىپ، بېشىغا ياغلىق ئارتىۋالىدىغان بولدى.

ئاستا - ئاستا، ئامانىسا بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ قالدى، ئۇ ئائىلىدىكىلەردىن «نېمە قىلسا بولىدىغانلىقى، نېمە قىلسا بولمايدىغانلىقى»نى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. 2016 - يىلى ئامانىسانىڭ سىڭلىسى ئىچكىرىدىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلدى، سىڭلىسى نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئامانىساغا ئوخشاش مودا، چىرايلىق، تېتىك، ئوچۇق - يورۇق ئىدى. «ئەمما بۇ ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ قىياپىتى ئەمەس.» ئامانىسا خاتا ھالدا: سىڭلىسىنى ئىشىكتىن چىققاندا جەزمەن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشى، بېشىغا ياغلىق ئارتىشى، خەنزۇلار بىلەن باردى - كەلدى قىلماسلىقى كېرەك، دەپ قاراردى.

بىر قېتىم ئىشتىن چۈشۈپ يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئانىسى غۇنچەم توختى ئۆزىنى تولۇق ئورىۋالغان ئامانىسانى كۆرگەندىن كېيىن، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. غۇنچەم مۇنداق دېدى: «قىزىم، سىزگە نېمە بولدى، نېمىشقا بۇنداق كىيىنىۋالدىڭىز؟ بۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىمى ئەمەس...» شۇنىڭدىن كېيىن، ئانىسىنىڭ زېرىكمەي - تېرىكمەي نەسىھەت قىلىشى نەتىجىسىدە، 2018 - يىلى ئامانىسا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كەلدى، بۇ يەردە ئۇ تەدرىجىي ھالدا ئەسلىدىكى ئۆزىنى تېپىۋالدى.

### ■ سەھنىدە ئۆزگە بولغان ئىشەنچنى تېپىش

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئامانىسا ئۆزىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. «مەن بارا - بارا نېمىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى، نېمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىۋالدىم.» ئامانىسانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ يالغان سۆزىگە ئەمدى ئىشەنمەيدىكەن.

ئىدىيەدىكى «زەھەرلىك ئۆسمە» ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئامانىسا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قايتىدىن پىلانلاشقا باشلىدى. «ئىلگىرى مەن تەنھەرىكەتنى ياخشى كۆرەتتىم، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرەتتىم، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، مەن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ناخشا ئېيتمىدىم، ئۇسسۇل ئوينىمىدىم» دېدى ئۇ. ئامانىسا تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئۇسسۇل سىنىپىغا قاتنىشىشقا تىزىملاتتى. «سىنىپتا كەسپىي ئوقۇتقۇچى بىزگە قولمۇقول ئۆگەتتى، ئىلگىرىلىشىمىز ناھايىتى تېز بولدى، ئوينىغانسېرى ئامراق بولۇپ كەتتىم.» بۇلارنى سۆزلىگەندە، ئامانىسا ناھايىتى ھاياجانلاندى، ئۇ دەرسخانىدا ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ھەربىر ھەرىكەت، ھەتتا چىراي ئىپادىسىنى قايتا - قايتا مۇھاكىمە قىلغانلىقىنى، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىنمۇ پايدىلىنىپ قايتا - قايتا مەشىق قىلغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن، ئۇ سىنىپتا ئۇسسۇلنى ئەڭ ياخشى ئوينايدىغانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئامانىسا يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى گۈيۈەن يېڭىشەھەر ئويۇن قويۇش ئەترىتىگە كىرىپ، ئارزۇسى بويىچە بىر ئۇسسۇل ئارتىسىغا ئايلاندى. ئويۇن قويۇش ئەترىتى ئەڭ ئالدىراش ۋاقىتتا بىر كۈندە تۆت - بەش مەيدان ئويۇن قوياتتى، «ئازراق جاپاسى بار ئىكەن، لېكىن تېخىمۇ كۆپرەكى مەنىلىك بولىدىكەن.» ئامانىسا مۇنداق دېدى: سەھنىدە ئويۇن قويغان چېغىمدا، سەھنە ئاستىدا قىزغىن ئالقىش سادىسى ياڭرىغان شۇ پەيتتە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇيغۇغا ئىگە بولىمەن.

گۈلرەنا مۇتەللىپ گۈيۈەن يېڭىشەھەر ئويۇن قويۇش ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى. ئۇ مۇخبىرغا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: ئامانىسا ھەر كۈنى ھەممىدىن بۇرۇن كېلىدۇ، ھەممىدىن كېيىن قايتىدۇ، ئۇ ئۇسسۇلنى ناھايىتى بېرىلىپ ئوينايدۇ، ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن ئۇسسۇلنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

«مەن ئۇسسۇلنى ياخشى كۆرىمەن، قەلبىمدە ھېس قىلغانلىرىمنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيۋاتىمەن، ھازىرقى مەن ھەقىقىي ئۆزۈم بولسام كېرەك...» ئامانىسا دەپ بولۇپلا پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

### ■ كەچۈرمىشنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە سۆزلەپ بېرىش

تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىنكى ئامانىسا ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئۇسسۇل ئويناشتىن سىرت، ئۇ يەنە يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەشۋىقات - لېكسىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلدى.

مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان شۇ كۈنى، ئامانىسا يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ يېڭىشەھەر بازىرى يېڭىشەھەر رايونى مەھەللىسىگە بېرىپ تەشۋىقات - لېكسىيە سۆزلىمەكچىكەن. مۇخبىر ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەشۋىقات - لېكسىيە نەق مەيدانىغا كەلدى.

ئامانىسا سەھنىدە ناھايىتى تەسىرلىك ھالدا تەشۋىقات - لېكسىيە سۆزلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملىنىش كەچۈرمىشنى سۆزلەپ، سىڭلىسىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. سەھنە ئاستىدىكى ئاھالىلەر ناھايىتى بېرىلىپ ئاڭلىدى، بەزىلىرى چوڭقۇر ئويغا پاتقاندى، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئامانىسا 20 مەيدانغا يېقىن تەشۋىقات - لېكسىيەگە قاتناشتى. دەسلەپتە تەشۋىقات - لېكسىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئەتراپىدىكى دوستلىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «ئۆزۈڭنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭنى سۆزلىۋەتسەڭ تەرەققىياتىڭغا تەسىرى بولارمۇ؟» دېدى، لېكىن ئامانىسانىڭ كۆڭلىدە ناھايىتى ئېنىق ئىدى، ئۇ: «ئۆزۈمنىڭ ئۇيياتلىق ئۆتمۈشۈمنى سۆزلىسەم ئەلۋەتتە بېسىم بولىدۇ، لېكىن مەن ئەنسىرىمەيمەن. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى نابۇت قىلغىلى تاس قالدى، مەن تەشۋىقات - لېكسىيە ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى مەندىن ئىبرەت ئالسىكەن دەيمەن».

ئامانىسا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشنى سۆزلەش، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زىيىنىنى سۆزلەشتىن سىرت، ئۇ يەنە كۆپچىلىككە پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇلى بار بولۇپ، ئاۋۋال مىسال سۆزلەپ، ئاندىن سىياسەت سۆزلەپ، تەدرىجىي يېتەكلەش شەكلى ئارقىلىق كۆپچىلىككە بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى.

«ھەربىر مەيدان تەشۋىقات - لېكسىيەدىكى تەسىراتىم ئوخشىمايدۇ.» ئامانىسا مۇنداق دېدى: ئىلگىرى مەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ قولچوماقچىسى بولۇپ قالغىلى، يەنە ئائىلەمدىكىلەرگە ئاپەت كەلتۈرگىلى تاس قالغاندىم، ئەگەر تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگەنمىگەن بولسام، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق قەلبىمدىكى مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەپ، تەشۋىقات - لېكسىيە ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن يىراق تۇرۇپ، بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىگە ئەمەل قىلىشتا جۇڭگو دېگىنىنى قىلدى

□ جۇڭ شېڭ

ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشىنى قوزغاپ ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، خەلقئارا قانۇنچىللىق ۋە خەلقئارا سودا تەرتىپىنى بۇزدى. كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغىنى شۇكى، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىگە پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قارىغان بۇ كىشىلەر توختىماي ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىنى بۇزىدىغان پاسكىنا سۇنى جۇڭگوغا چاچتى. ئەمەلىيەت ئەڭ ياخشى پاكىت، ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ باشقىلارغىمۇ ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشى خەلقئارا جەمئىيەت، ھەتتا ئامېرىكىدىكى ھەر ساھەنىڭ كەڭ دائىرىدە تەنقىد قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ ۋاھالەنكى، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قەتئىي قوللايدىغان، يەككە تەرەپچىلىككە ۋە قورۇقچىلىققا قارشى تۇرىدىغان جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان خەلقئارا قانۇنچىللىقنىڭ قەتئىي قوغدىغۇچىسى ۋە قۇرغۇچىسى.

جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندە بەرگەن ۋەدىسىگە ئومۇميۈزلۈك ئەمەل قىلدى، بۇ، ھەرقانداق ئادەم ئىنكار قىلالمايدىغان پاكىت. 2001 - يىلى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن بۇيان، جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئەركىن سودا ئىدىيەسىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بازارنى زور كۆلەمدە ئېچىۋېتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ۋەدىسى ۋە ئاشكارىلاش دەرىجىسى مەجبۇرىيىتى قاتارلىقلارغا ئەمەل قىلىپ، ھەقىقىي چوڭ دۆلەت مەسئۇلىيىتىنى نامايان قىلدى. 2010 - يىلغىچە، جۇڭگو مال بېجىنى تۆۋەنلىتىش ۋەدىسىگە تولۇق ئەمەل قىلىشنى تاماملىدى، تاموژنا بېجى ئومۇمىي سەۋىيەسى 2001 - يىلدىكى %15.3تىن %9.8كە تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى %15.2كە تۆۋەنلەپ، تەرەققىي قىلغان ئەزالارنىڭ %39لىك ئوتتۇرىچە تاموژنا بېجى سەۋىيەسىدىن خېلىلا تۆۋەن بولدى. جۇڭگو ئېچىۋېتىشنى سىجىل ئۆز ئالدىغا كېڭەيتىپ، 2018 - يىلى تاموژنا بېجى ئومۇمىي سەۋىيەسىنى %7.5كە تۆۋەنلەتتى، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سېلىنما كۆلىمى 1992 - يىلدىن باشلاپ ئۇدا 26 يىل تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن تېخىمۇ كۆپ بەھرىلەندۈردى.

جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىگە قەتئىي رىئايە قىلىپ ۋە قوغداپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن بۇيان، جۇڭگو سودا سېلىنمىسىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش مېخانىزمىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئۈنۈملۈك قوغداپ، سودا سىياسىتىنى قاراپ چىقىشقا چوڭقۇر قاتنىشىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىگە سىڭىپ كىرىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، يەككە تەرەپچىللىككە ۋە قورۇقچىلىققا قەتئىي قارشى تۇردى... ئەمەلىي ھەرىكەتلەر جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىگە رىئايە قىلىدىغان، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغدايدىغان توختام روھىنى نامايان قىلدى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى ئازېۋېدو مۇنداق كۆرسەتتى: دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن بۇيان، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىدىكى رولى كۈنسېرى كۈچەيدى.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىگە رىئايە قىلىش جەھەتتە، ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئازراق بولسىمۇ ئۆزىنى سورىشى كېرەك ئىدى. بەزى مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ كېسىمىدە ئامېرىكا ئەرز قىلىنغان دېلو 154 بولۇپ، 53 دېلودا ئىجرا قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە قوشما ئىشتات قانۇنى ياكى ئىشتات قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە چېتىلىدىغان 11 دېلودا ئامېرىكىنىڭ ئىجرا قىلماسلىق نىسبىتى %50تىن ئېشىپ كەتكەن. نۇرغۇن پاكىت شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئامېرىكا تەرەپ ئەزەلدىن ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنىنى خەلقئارا قانۇندىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ كەلدى.

مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش، ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەر خەلقئارا قائىدىگە ئىنچىل مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. روشەنكى، ئۇلارنىڭ زېھنىي كۈچىنى ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان ھەم ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلغاندىن كۆرە، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، توغرا يولغا قايتىپ مەسىلىنى پۇختا ھەل قىلغىنى ئەلا. كىشىنى بىلگۈچى ئاقىل، ئۆزىنى بىلگۈچى دانادۇر. جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش جەھەتتە ئىنچىل دېگىنىنى قىلىپ كەلگەنلىكىگە سېلىشتۇرۇپ، ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەر تېخىمۇ ئۆزى ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك.

**(2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

# شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يازلىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 10 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

بېلەتنى ياخشى سېتىش، مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىش» ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، يولۇچىلار ئېقىمى بازار ئۆزگىرىشىنى دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ترانسپورت تەشكىللەشنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، ترانسپورت ئىقتىدارىنى قويۇپ بېرىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، بۇ يىلقى يازلىق يولۇچى توشۇش مىقدارىنىڭ زور كۆلەمدە ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ تۆمۈريولى كۆپ قېتىم يولۇچىلار نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۈرۈش خەرىتىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق، 77.5 جۈپ پويىزنى كۆپەيتتى، 125 جۈپ پويىزنىڭ يۈرۈش ۋاقتىنى قىسقارتتى، 60 جۈپ يولۇچىلار پويىزىنىڭ يۈرۈش ئۇچاستكىسى ۋە توختاش بېكەتلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەڭشىدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا كۈنىگە 118.5 جۈپ يولۇچىلار پويىزى قاتنايدۇ(22.5 جۈپ ئوق پويىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئىچىدە قاتنايدىغىنى 89.5 جۈپ، شىنجاڭدىن چىقىدىغان پويىز 29 جۈپكە كۆپەيتىلىپ، 2018 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا توشۇش ئىقتىدارى ئېشىش نىسبىتى %57.5 بولدى.

شىنجاڭ تۆمۈريولى يولۇچى توشۇش بۆلىكى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىدا قاتناش تىجارىتى باشلىنىپ، شىنجاڭدىكى تۆمۈريول قاتنىمىغان ئەڭ ئاخىرقى ۋىلايەتتە تۇرۇشلۇق شەھەر تۇتاشتۇرۇلدى.

ئۈرۈمچى - جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ ئۈرۈمچى - شەرقىي جۇڭغار ئارىلىقىدا يولۇچىلار پويىزىنىڭ قاتنىشى شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى ئاممىنى يېڭى يول يۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلىدى.

يېڭى لىنىيە ئېچىشتىن باشقا، شىنجاڭ تۆمۈريولى بۇ يىل يەنە قۇرۇمقاش، خېجىڭ، داۋانچىڭ، شىخو، چۆچەك، تۆمۈرتام، دۆربىلجىن، شەرقىي جۇڭغار قاتارلىق يولۇچى توشۇش بېكەتلىرىنى ئاچتى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ۋوگزال - نۇقتىلار 54كە كۆپەيتىلىپ، ۋوگزال - نۇقتىلارنىڭ قاپلاش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى.

يازلىق يولۇچى توشۇشتىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريولى باشقۇرۇشىدىكى ھەرقايسى ۋوگزاللارنىڭ يولۇچى توشۇش مىقدارى يۇقىرى پەللىدە يۈرۈشنى ساقلىدى، ئۈرۈمچىدىكى ئىككى يولۇچى توشۇش ۋوگزالىنى مىسالغا ئالساق، ئىككى ۋوگزالدا توشۇلغان يولۇچى 4 مىليون 33 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 506 مىڭ ئادەم قېتىم ئاشۇرۇپ توشۇلۇپ، ئېشىش نىسبىتى %14.3 بولدى. ئۈرۈمچى ۋوگزالدا 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يولۇچىلار ئېقىمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى كۆرۈلدى، شۇ كۈنى 81 مىڭ ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇلۇپ، كۈنلۈك يولۇچى توشۇش مىقدارىدا يېڭى رېكورت يارىتىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)